# توردا تەزىيە بىلدۈرۈش قەھرىمانلار، قۇربانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **رىبن خۇا** خەۋەر قىلىدۇ: «قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، مەن بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئىككى قولىمىزغا تايىنىپ گۈزەل تۇرمۇش ياراتقاندىلا ئاندىن كۆز يۇمغان قۇربانلارغا يۈز كېلەلەيمىز». 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ھەربىي سەپتىن قايتقانلار ئىشلىرى نازارىتىدىكى تۇغقانلاشقان كادىر سۈنلىنىڭ ياردىمىدە ئاۋات ناھىيەسى غورۇچۆل بازىرى كەلپىن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى نۇرمەمەت ئاۋۇت يان تېلېفونى ئارقىلىق توردا قەھرىمانلار، قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ھەربىي سەپتىن قايتقانلار ئىشلىرى نازارىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە «ئېھتىرام بىلدۈرۈش. 2020 ـ يىلى چىڭمىڭدا قەھرىمانلار، قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش» توردا تەزىيە بىلدۈرۈش، قەبرە سۈپۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، توردا مەخسۇس تېمىدا بەت ئېچىش، كۆچ ئۇلاپ تەزىيە بىلدۈرۈش، قەبرە سۈپۈرۈش H5، مىكرو بىلوگ توققۇز كاتەكلىك تەشۋىقات سۈرىتى، دوستلار چەمبىرىكى ئاممىۋى پاراۋانلىق تەشۋىقات ئېلانى، تېلېۋىزور تېرمىنالى IPTV مەخسۇس رايونى (جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىشى) تەزىيە بىلدۈرۈش، قەبرە سۈپۈرۈش مەخسۇس رايونى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردىكى توردا تەزىيە بىلدۈرۈش، قەبرە سۈپۈرۈش پائالىيىتىنى يولغا قويدى.

بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ كادىرلار، ئامما توردا تەزىيە بىلدۈرۈش، قەبرە سۈپۈرۈشكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، قەھرىمانلار، قۇربانلارنى ئەسلەپ، چوڭقۇر قايغۇسىنى بىلدۈرۈپ، قىزىل روھقا ۋارىسلىق قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، سانجى شەھىرى بېيجىڭ جەنۇبىي يولى كوچا باشقارمىسى ۋۇسەي شىنچېڭ مەھەللىسىدىكى پارتىيەلىك كادىرلار، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى، تەۋەلىكتىكى پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى قاتارلىقلار بىرلىكتە «ئېھتىرام بىلدۈرۈش. 2020 ـ يىلى چىڭمىڭدا قەھرىمانلار، قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش» توردا تەزىيە بىلدۈرۈش، قەبرە سۈپۈرۈش باش تېمىسىدىكى پارتىيە كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. كۆپچىلىك تور ئارقىلىق قۇربان بولغان قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئۆگىنىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا گۈل تەقدىم قىلدى، سۆز قالدۇردى، قۇربان بولغان قەھرىمانلارنى چوڭقۇر قايغۇ بىلەن ياد ئېتىدىغانلىقىنى ھەم ئۇلارغا بولغان ئالىي ئېھتىرامىنى بىلدۈردى.

«چىڭمىڭدا قەھرىمانلار، قۇربانلارنى ئەسلەشتىكى مەقسەت كۆپچىلىكتە ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشقا ئۈندەش» دېدى ۋۇسەي شىنچېڭ مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ياڭ جاۋجياڭ.

تورداشلار تەزىيە بىلدۈرۈپ، قەبرە سۈپۈرۈپ بولغاندىن كېيىن بەس ـ بەستە يۈرەك سۆزلىرىنى قالدۇردى. تورداش مەدىنە ئېبزىز مۇنداق سۆز قالدۇردى: «جۇڭگو قەھرىمانى، سىزنىڭ قەھرىمانلىق روھىڭىز قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.» كورلا شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ 6 ـ يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى لىۇ خاۋرەن مۇنداق سۆز قالدۇردى: «قەھرىمانلار، قۇربانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز، سىلەر مەڭگۈ ھايات.» كۈيتۇن شەھەرلىك 1 ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئەن مىڭملىڭ مۇنداق سۆز قالدۇردى: «ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ئەڭ كۆپ نەرسىگە ئېرىشكەن كىشى ئەمەس، بەلكى ئەڭ كۆپ بېغىشلىغان كىشى ئەڭ خۇشال كىشىدۇر»...

مۇخبىرنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدىن ئىگىلىشىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە كىشىلەرنىڭ توپلىنىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ھازىر كوللېكتىپ مەركەزلىك ھالدا تەزىيە بىلدۈرۈش، قەبرە سۈپۈرۈش پائالىيىتىنى ۋاقىتىنچە قوبۇل قىلمايدىكەن. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قەھرىمانلار، قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈشى، قەبرە سۈپۈرۈشىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى بۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان 94 ئىنقىلابىي قۇربان ئۈچۈن توردا ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە سارىيى تەسىس قىلىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ھۆكۈمەت تورى، «ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى» ئۈندىدار ئاممىۋى سۇپىسى ئارقىلىق قەھرىمانلار، قۇربانلارغا گۈل تەقدىم قىلىش، سۆز قالدۇرۇش، تىلەك تىلەش، ئىنقىلابىي قەھرىمانلار، قۇربانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش، ياد ئېتىش ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپتۇ.

ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 2 مىليوندىن ئارتۇق كادىر، ئامما «ئېھتىرام بىلدۈرۈش. 2020 ـ يىلى چىڭمىڭدا قەھرىمانلار، قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش» توردا تەزىيە بىلدۈرۈش، قەبرە سۈپۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى، جەمئىي 120 مىڭغا يېقىن سۆز قالدۇرۇلدى.

# تۆمۈريول تارماقلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ يول يۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىۇ فېڭباۋ** جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، يولۇچىلار ئېقىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تورىنى يەنىمۇ زىچلاشتۇرۇپ، كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ يولۇچىلارنىڭ يول يۈرۈش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىۋېتىپتۇ.

3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مۇخبىر ئۈرۈمچى ۋوگزالىدا، يولۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىتىپ بولغاندىن كېيىن ۋوگزالغا تەرتىپلىك كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بېلەت سېتىش زالى، ۋوگزالغا كىرىش ئېغىزى، پويىز كۈتۈش زالى، بېلەت تەكشۈرۈش ئېغىزى قاتارلىق ئادەم ئېقىمى بىرقەدەر كۆپ رايونلاردا، خىزمەتچى خادىملار دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى چېچىۋاتاتتى، دېزىنفېكسىيەلەپ يۇيۇش ماشىنىسى بىلەن يەر يۈزىنى سۈرتۈۋاتاتتى.

3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ تۆمۈريولىدا يولۇچىلار پويىزىنىڭ قاتنىشى ئەسلىگە كەلگەندىن بۇيان، ئۈرۈمچى ۋوگزالىدا يولۇچىلار ئېقىمى كۈنسېرى ئاشتى. ھازىر، جەنۇبىي، شىمالىي مەيداندىكى ۋوگزالغا كىرىش يولىنىڭ ھەممىسى ئېچىۋېتىلدى ھەم خىزمەتچى خادىملار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ يولۇچىلارنىڭ ۋوگزالغا تەرتىپلىك كىرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىندى.

ئۈرۈمچى ۋوگزالىنىڭ تازىلىق خىزمىتىگە مەسئۇل خادىمى تيەن جىشۇاڭ مۇنداق دېدى: تازىلىق خادىملىرى ھەر ئىككى سائەتتە بىر قېتىم پويىز كۈتۈش زالىدىكى تۈرلۈك ئەسلىھەلەرنى مەركەزلىك دېزىنفېكسىيەلەيدۇ، لىفت، يۆلەنچۈك، تۇتقۇچ قاتارلىق قول تېگىشىدىغان جايلارنى ھەر ۋاقىت دېزىنفېكسىيەلەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، تازىلىق ئۆيىگە مەخسۇس ئادەم دېجورنىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئادەم كېتىشى بىلەنلا دېزىنفېكسىيە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىندى. ھەر كۈنى سائەت نۆلدىن كېيىن، يەنە پويىز كۈتۈش زالى، ۋوگزال سۇپىسىنىڭ يەر يۈزى، بېلەت تەكشۈرۈش ماشىنىسى قاتارلىق ئاممىۋى سورۇن ھەم لىفت، يولۇچىلار ئورۇندۇقى قاتارلىق ھەر خىل ئاممىۋى ئەسلىھەلەر ئومۇميۈزلۈك دېزىنفېكسىيەلەندى.

ۋوگزالدا قاتتىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللانغاندىن سىرت، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى يەنە پويىزدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. پويىز يۈرۈش جەريانىدا، پويىز خىزمەتچىلىرى ھەر ئىككى سائەتتە بىر قېتىم ۋاگوننىڭ ئىچى، تازىلىق ئۆيى، ھاجەتخانا، ئەخلەت ساندۇقى، يۈك ـ تاق جازىسى، سۇ قايناتقۇچ، ئورۇندۇق، ئىشىك تۇتقۇچى قاتارلىق يولۇچىلار دائىم تېگىشىدىغان ئورۇنلارغا دېزىنفېكسىيەلەش سۇيۇقلۇقى چېچىپ ۋە سۈرتۈپ مىكروب يوقىتىپ، ۋاگون ئىچى تازىلىقىنىڭ پاكىزلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە رادىيودىن پايدىلىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىپ، يولۇچىلارغا ماسكا تاقاشنى، زۆرۈر بولمىغان مېڭىش ـ تۇرۇش ۋە پاراڭلىشىشنى ئازايتىشنى ئەسكەرتتى ھەم يولۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى. پويىز ئاخىرقى ۋوگزالغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماقلىرى پۈتۈن پويىزنى تولۇق، ئۆلۈك بۇلۇڭ قالدۇرماستىن ئەسلىھەلىرىنى دېزىنفېكسىيەلەش ۋە ھاۋانى دېزىنفېكسىيەلەپ ساپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ تەييار نېفىت تۇرۇبا لىنىيەسىنىڭ سىرتقا يەتكۈزۈش سالمىقىنى زورايتىشنى ئەڭ زور چەكتە ماسلاشتۇرۇپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنىڭ تەييار نېفىتنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە قوبۇل قىلىشنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ نېفىت ئايرىش ئىقتىدارى ۋە خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنى زور تەسىرگە ئۇچراتماسلىققا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. شىنجاڭدىكى ئالتە چوڭ نېفىتلىك ۋە تۆت چوڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى باشتىن ـ ئاخىر مۇقىم ئىشلەپچىقىرىشنى ساقلىغان، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىتلىك كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش يۈك فاكتورى %90تىن ئاشقان، نېفىت ئايرىش ـ خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش يۈك فاكتورى %70تىن ئاشقان.

كۆمۈر ھەر تۈرلۈك سانائەتنىڭ ئاساسى، ئاپتونوم رايونىمىز كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشتىكى «توسۇق نۇقتا»لارنى ئۈنۈملۈك راۋانلاشتۇرۇپ، پارتلىتىش، ئېچىش، قېزىش قاتارلىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشى يۈرۈشلەشكەن كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ماسلاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتتى، بىر قىسىم نۇقتىلىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش كان رايونلىرى (باغچە رايونى)نىڭ پارتلىتىش قۇرۇلۇش قوشۇنىنى ۋاقىتلىق قايتا تەشكىللەپ بىرىكتۈرۈپ، كۆمۈر كانلاردا پارتلىتىش قوشۇنى خادىمى كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. سانجى شەرقىي جۇڭغار، قومۇل نوم، توقسۇن قاراتاغ قاتارلىق نۇقتىلىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلاردىكى كۆمۈر كان كارخانىلىرى يۇقۇم مەزگىلىدە مۇقىم يۈرۈشۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق ئېلېكتر ئىستانسىلىرى، ئىسسىقلىق ۋە توكنى بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ھەم نېفىت، خىمىيە سانائىتى، رەڭلىك مېتال تاۋلاش قاتارلىق كۆمۈر ئىشلىتىدىغان نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ بىخەتەر، مۇقىم يۈرۈشۈشىگە ۋە خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك كۆمۈر ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايون توك بىلەن تەمىنلەش كارخانىلىرىنىڭ ئېلېكتر تورىنىڭ يۈرۈشۈش ئۇسۇلىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك، يېتەكچىلىك قىلىپ، پۈتۈنلەي قوغداش ھالىتىدە يۈرۈشتۈرۈش، تولۇق يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، نۇقتىلىق ھالدا ئىككى توك ئالماشتۇرۇش پونكىتى، 132 ترانسفورموتور پونكىتى (مەشغۇلات قىلىش، ئاسراش پونكىتى)، 34 توك سىمى قوغداش پونكىتىغا قاراتا مەشغۇلات قىلىش، ئاسراش باشقۇرۇشنى نۇقتىلىق يولغا قويدى. ئاساسلىق ئاممىۋى ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يۈرۈشۈشىنى ئاسرىشى، باشقۇرۇشىغا ماسلىشىپ ياردەم بېرىپ، كۆمۈر سېتىۋېلىش ۋە زاپاس ساقلاش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىدى.

1 ـ ئايدىن 2 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نېفىت كەسپىنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %0.5 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە خام نېفىتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 4 مىليون 496 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %2.91 ئاشتى؛ تەبىئىي گازنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 6 مىليارد 16 مىليون كۇب مېترغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %5.52 ئاشتى. كۆمۈر كەسپىنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %6.4 ئاشتى، ئاپتونوم رايون بويىچە كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 37 مىليون 511 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %17.7 ئاشتى. ئېلېكتر ئېنېرگىيە كەسپىنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %22.5 ئاشتى.

تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1 ـ ئايدىن 2 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئورۇندالغان توك تارقىتىش مىقدارى 55 مىليارد 130 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %9 ئاشقان؛ «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش»تە تېز ئېشىش ساقلاپ قېلىنغان، 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، «شىنجاڭدىن سىرتقا يەتكۈزۈلگەن توك» مىقدارى جەمئىي 12 مىليارد 360 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %31.2 ئاشقان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ۋەزىپە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى تۇتۇپ، سېلىنمىنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى. ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، تەبىئىي بايلىق، سۇچىلىق، ئورمان ـ ئوتلاق، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە نۇقتىلىق تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتى بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈرلىرى ئۈچۈن يېشىل يول ئېچىپ، ئورۇن تاللاش، يەر ئىشلىتىش، مۇھىت تەسىرىنى باھالاش قاتارلىق ئالدىنقى باسقۇچلۇق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشنى ماسلاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، تۈر قۇرۇلۇشىغا بىرلىكتە تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۈندىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، كېڭىشىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىش داۋامىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، «3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن بۇرۇن داۋاملىق قۇرۇلىدىغان تۈرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قۇرۇلۇش قىلىش، كۆپ قىسىم يېڭىدىن ئىش باشلىنىدىغان تۈرلەردە ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئىش باشلاپ قۇرۇلۇش قىلىشقا تىرىشىش» تەلىپىنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي نازارەت، ئىدارىلەر، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەر بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى رەتلەپ جەملەپ، داۋاملىق قۇرۇلىدىغان تۈر ئامبىرى، يېڭىدىن ئىش باشلىنىدىغان تۈر ئامبىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈر ئامبىرىنى تۇنجى قېتىم قۇرۇپ، قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تەتۈرسىگە تىزىپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇردى.

«بىز ‹ئۈچ تۈر ئامبىرى›نى تۇتقا قىلىپ، تۈردە ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاقتىنى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن بىر ئاي ئالدىغا سۈرۈپ، ئەمەلىي خىزمەت مىقدارىنى شەكىللەندۈرۈپ، تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسىنىڭ ئېشىشىغا كۈچلۈك تىرەك بولدۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى تۈر قۇرۇلۇشى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ياڭ شۆليەن تونۇشتۇرۇپ.

# ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېۋەزنى ئەلالاشتۇرۇش، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، خاس كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈش ئالغا سىلجىتىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز رايون ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە سورت قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىكى فۇنكسىيەلىك رايون قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسلىق يېمەكلىكنى سانائەتلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى تېز ئۆستۈرۈپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق كۆلىمى ۋە ھوسۇلى ئالدىنقى يىللىق سەۋىيەدىن تۆۋەن بولمايدۇ. شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى يۇقىرى بولغان سوغۇق، سالقىن جايلار قاتارلىق بۇغداي تېرىشقا قىسمەن باب كېلىدىغان رايونلاردا يازلىق بۇغداي تېرىش كۆلىمىنى تەدرىجىي تەڭشەپ ئازايتىپ، ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك، سېلىن مىقدارى مول، ئورگانىك مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇغدايىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېشىل، ئەلا سۈپەتلىك، ئۆزگىچە بۇغداي تەرەققىيات ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى نۇقتىلىق مەۋقە قىلىپ، ئاساسلىق باغۋەنچىلىك رايونلىرىنىڭ ئورمان بىلەن ئاشلىقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئەندىزىسىدىن تەدرىجىي چېكىنىشنى قوللاش ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

كېۋەزنى ئەلالاشتۇرۇش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز ئەۋزەل كېۋەزچىلىك رايونلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، كېۋەز سورتلىرىنىڭ سانىنى ئازايتىپ، پاختا سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭ كېۋەزچىلىكىنى «چوڭ بولۇشتىن كۈچلۈك بولۇشقا ئۆزگەرتىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئېنىق ئورۇنلاشتۇردى. كېۋەز سورتىنىڭ يېتىلىشچانلىقى بىلەن سۈپىتىنى رايونلارغا ئايرىپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇزۇن تالالىق پاختا، ئىنچىكە تالالىق پاختا قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك، ئالاھىدە مەخسۇس پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارنى ئىنچىكە ئايرىپ، كېۋەز تېرىشقا قىسمەن باب كېلىدىغان رايونلارنى كېۋەز تېرىشتىن تەدرىجىي چېكىندۈرىدۇ. ھەرقايسى جايلار رايون ئىچىدىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، سۈپىتى ۋە كىلىمات شارائىتىغا ئاساسەن، كېۋەز سورتىنى ماسلىشىشچانلىقى بويىچە تېرىش ئارقىلىق ماشىنىدا يىغىشقا ماس كېلىدىغان، كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىشكە بولىدىغانلىرىنى ئاساسلىق سورت قىلىپ تاللاپ، ئوخشاش ئېكولوگىيەلىك رايوندا «بىر ئاساسلىق، ئىككى قوشۇمچە» بولىدىغان ئۇرۇق سېلىش ئەندىزىسىنى تەۋسىيە قىلىپ، «بىر ناھىيەدە بىر سورت بولۇش» «كۆپ ناھىيەدە بىر سورت بولۇش»قا ئىلھام بېرىپ، پاختا سۈپىتىنىڭ بىردەكلىكىنى مەنبەدىن ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا بازاردىكى رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاراشەھەر ئويمانلىقى قاتارلىق جايلاردا يەم ـ خەشەك مول بولۇش ۋە كەڭ كۆلەمدە كۆممىقوناق تېرىش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، زامانىۋى چارۋىچىلىق ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىدۇ. سانجى، ئىلى قاتارلىق جايلاردا سۈت كالىسىنى كۆلەملەشتۈرۈپ بېقىشنى گەۋدىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزگىچە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سۈتچىلىك تېخنىكا سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سۈتچىلىكىنى گۈللەندۈرىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، يەم ـ خەشەكنىڭ كۆتۈرۈشچانلىق ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، قوش تۇردىكىلەرنى گەۋدىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، توشقان، ئېشەك، تۆگە قاتارلىق ئۆزگىچە باقمىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەيدۇ. يەم ـ خەشەكنىڭ بوغما ھالەت چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىلوس قونىقى، بېدە قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك يەم ـ خەشەك تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، «بۇغداي+سىلوس قونىقى»نى ئېگىز ئورنىغا تېرىش ئەندىزىسىنى كېڭەيتىدۇ. كەسىپلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، سۈتچىلىك، گۆش پىششىقلاش، چارۋىچىلىقتىكى باشلامچى كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساسىي ھۇجۇم نىشانى قىلىپ، ئەۋزەللىككە ئىگە چارۋىچىلىققا چېتىلىدىغان باشلامچى كارخانىلارنى يۆلەپ، «باشقىلاردا يوقى بىزدە بار، باشقىلاردا بارىنىڭ بىزدە ئەلاسى بار، باشقىلاردا ئەلاسى بولسا بىزدە ئالاھىدىسى بار» دەيدىغان پەرقلىق تەرەققىيات تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېشىل ئورگانىك ماركىسىنى ياخشى يارىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىز كىچىك سورتلارنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان چوڭ كەسىپكە ئايلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوخشاش سۈپەتتە رىقابەتلىشىش ۋە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرالماسلىق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدۇ. ئۆزگىچە ئاشلىق، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشنى كېڭەيتىپ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتى، ئىلى دەرياسى ۋادىسى، چۆچەك ـ دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتى ۋە ئالتاي ۋىلايىتىدە زاراڭزا، قىچا قاتارلىق ئۆزگىچە ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق رايونلارنى قۇرۇشنى پىلانلىدى؛ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتى، جەنۇبىي چېتىدە چۈچۈكبۇيا، توشقانزەدىكى قاتارلىق جۇڭيى ئۆسۈملۈك دورىلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق رايون قۇرۇشنى پىلانلىدى؛ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم ئەۋزەل ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا قارا ئاشلىق، پۇرچاق ۋە ياڭيۇ تۈرىدىكىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە سۈپەتلىك ماركا يېتىشتۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئۆزگىچە ئاشلىق، ئىقتىسادىي زىرائەت ئەۋزەل رايونى قۇرىدۇ. ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ ۋە كۈچەيتىپ، پەمىدۇر پىششىقلاش، سانائەت لازىسى ۋە قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىق ئەۋزەل ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنى پائال بەرپا قىلىدۇ. پەمىدۇر پىششىقلاش كەسپىنىڭ مەركەزلىشىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتى ۋە قاراشەھەر ئويمانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئەۋزەل رايوننى نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بازار تېرمىنال مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەتلىك ماركىسىنى پائال يېتىشتۈرىدۇ.